# شى جىنپىڭ رۇسىيە زۇڭتۇڭى پۇتىن بىلەن تېلېفونلاشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

خەلقئارا يۇقۇم مۇداپىئە ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش تەجرىبىلىرىدىن ھەمبەھىرلىنىشنى قانات يايدۇرۇپ، بىرلىشىپ يەن تەتقىقات ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا تۈرتكە بولۇپ، ئورتاق تەھدىت ۋە خىرىسقا قول تۇتۇشۇپ تاقابىل تۇرۇپ، يەر شارىدىكى ئاممىۋى سەھىيە بىخەتەرلىكىنى قوغداشنى خالايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇۋاتقان ئالاھىدە پەيتتە، جۇڭگو بىلەن رۇسىيە ئۆزئارا قوللاپ، ئۆزئارا ھەمدەم بولۇپ، قويۇق ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو ـ رۇسىيە مۇناسىۋىتىنىڭ يۇقىرى سەۋىيەسىنى نامايان قىلدى. جۇڭگو ـ رۇسىيە ھەمكارلىقىنىڭ ئاساسى پۇختا، ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى كۈچلۈك. ئىككى تەرەپ جۇڭگو ـ رۇسىيە يەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش يىلىنى پۇرسەت بىلىپ، ئىككى دۆلەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلەردىكى ھەمكارلىقىدا تېخىمۇ كۆپ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشى كېرەك. جۇڭگو تەرەپ رۇسىيەنىڭ دۆلەتنىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن قوللانغان مۇھىم تەدبىرلىرىنى قەتئىي قوللايدۇ، زۇڭتۇڭ پۇتىننىڭ رەھبەرلىكىدە، رۇسىيە خەلقىنىڭ ئۆز دۆلىتىنىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان تەرەققىيات يولىنى داۋاملىق بويلاپ ئىنتىپاقلىشىپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، ئۆزلۈكسىز يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.

پۇتىن مۇنۇلارنى بىلدۈردى: جۇڭگو ھۆكۈمىتى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئاجايىپ نەتىجە ـ ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، دۆلەت ئىچىدىكى يۇقۇمنى تىزگىنلەپلا قالماي، يەنە دۇنيا خەلقىنىڭ ساغلاملىق بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈنمۇ مۇھىم تۆھپە قوشتى، رۇسىيە تەرەپ جۇڭگونىڭ تىرىشچانلىقىغا يۈكسەك ئاپىرىن ئېيتىدۇ ھەم بۇنىڭدىن خۇشال بولىدۇ. جۇڭگو يۇقۇمغا ئۇچرىغان دۆلەتلەرگە ۋاقتىدا ياردەم قولىنى سۇنۇپ، خەلقئارا جەمئىيەتكە ياخشى ئۈلگە تىكلەپ بەردى. جۇڭگونىڭ ھەرىكىتى ئايرىم دۆلەتلەرنىڭ ئىغۋاگەرچىلىكى ۋە جۇڭگونىڭ نامىنى بۇلغىشىغا قارىتا بېرىلگەن ياڭراق جاۋاب. رۇسىيە تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش جەھەتتە داۋاملىق ئۆزئارا قوللاپ، قويۇق ھەمكارلىشىپ، رۇسىيە ـ جۇڭگو ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق، ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

خاس پائالىيەتلەر ھەم ئېتىبارلىق تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ساياھەت ئېپسىل لىنىيەلىرىنى كۆپەيتىپ، يېڭى ساياھەت مەھسۇلاتلىرىنى لايىھەلەپ، ماركېتنىڭ ۋە تەشۋىقاتنى كۈچەيتتى... ئالتاي ۋىلايىتى كۆپ خىل تەدبىر قوللىنىپ، ساياھەتچىلىكنىڭ تەدرىجىي جانلىنىشىغا تۈرتكە بولدى.

قاناس مەنزىرە رايونى مەنزىرە رايونىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرى ۋە ساياھەتچىلەر بىلىشكە تېگىشلىك ئىشلارنى ۋاقتىدا ئېلان قىلىپ، تەشۋىق قىلىش، يېتەكلەشنى ياخشى ئىشلەپ، ئەسلىدىكى لىنىيە مەھسۇلاتلىرىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، قاناس مەنزىرە رايونىنىڭ يېڭى خاسلاشقان لىنىيە مەھسۇلاتلىرى قاتارلىقلارنى بارلىققا كەلتۈردى؛ كۆكتوقاي مەنزىرە رايونى، ۋۇسەيتەن مەنزىرە رايونى ئۇنىدار، دوۋىن قاتارلىقلار ئارقىلىق مەنزىرە رايونىنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلدى.

3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئۈرۈمچى تيانشان چوڭ جىلغىسى، شىنجاڭ يىپەك يولى خەلقئارا ئىستىراھەت رايونى قاتارلىق مەنزىرە رايونلىرى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ تۇنجى تۈركۈمدىكى بىر كۈنلۈك ساياھەت ئۆمىكىدىكى ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋالدى. «ئىش ئەسلىگە كەلگەن تۇنجى كۈنلا مەن 100گە يېقىن مەسلىھەت سوراش تېلېفونىنى قوبۇل قىلدىم» دېدى شىنجاڭ يوۋمېيلي خەلقئارا ساياھەت كوپېراتىپى چەكلىك شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى شيەن مېي كۈلۈپ تۇرۇپ.

تۇرپاندىكى ھەرقايسى مەنزىرە رايونلىرىمۇ نۇرغۇن ساياھەتچىنى كۈتۈۋالدى. «تۇرپان مەنزىرە رايونىدا ئېچىۋېتىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، 3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى بىز تۇنجى تۈركۈم ئۆمەكتىكى ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋالدۇق، 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى تۇنجى تۈركۈمدىكى ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەپ كەلگەن ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋالدۇق» دېدى تۇرپان تۇڭيى ساياھەت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى لى فېڭ تونۇشتۇرۇپ.

خوتەن ۋىلايىتىنىڭ مەنزىرە رايونلىرى، مەنزىرە نۇقتىلىرىدىكى ساياھەتچىلەرنىڭ سانىمۇ تەدرىجىي كۆپەيدى. دۆلەت 3A دەرىجىلىك مەنزىرە رايونى خوتەن كەچلىك بازىرىدا 3 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى تىجارەت ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن بۇيان، ھەر كۈنى كەچتە ساياھەتچىلەر ئېقىمى ئۈزۈلمىدى. تىجارەت ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن بەش كۈندە 20 مىڭغا يېقىن ساياھەتچى كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 500 مىڭ يۈەنگە يېقىنلاشتى.

بىرنەچچە كۈندىن بۇيان، لوپنۇرلۇقلار كەنتى مەنزىرە رايونىدا ساياھەتچىلەر ئۈزۈلمىدى، مەنزىرە رايونىنى باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ليۇ يەن ئىنتايىن ئالدىراش بولۇپ كەتتى، ئىككى كۈندە سەككىز ساياھەت كوپېراتىپىنى زىيارەت قىلىپ، ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلىش ئىشلىرىنى مەسلىھەتلەشتى. «بۇ يىل، بىز كۆپ تۈرلۈك مەدەنىيەت ـ ساياھەت ـ تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈپ، كېچىلىك ساياھەت تۈرىنى كۆپەيتىمىز» دېدى ليۇ يەن.

«بىز ئۈرۈمچى شەھىرى، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى ئەتراپىدا ساياھەتچىلەر كۆپ بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە قارىتا، لەگلەك بايرىمى قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈپ، ئەتىيازلىق ساياھەتنى جانلاندۇرىمىز.» ليۇ ۋېنيى مۇنداق دېدى: بۇ مەنزىرە رايونى يەنە ئاۋاتسىز پەسىلدىكى ئىشىك بېلەتى باھاسىنى يولغا قويۇش ۋاقتىنى يەنە بىر ئاي ئۇزارتىپ، 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇرىدۇ.

بۇ يىل، شىنجاڭ ساياھەتچىلىكتە كۈتۈۋېلىنىدىغان ئادەم سانىنىڭ 300 مىليون ئادەم قېتىم ئەتراپىدا بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تىرىشىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، ھەرقايسى جايلارنىڭ ھەممىسى مەدەنىيەت ـ ساياھەت كەسپىنىڭ ئەسلىگە كېلىش سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، يۇقۇم كەلتۈرۈپ چىقارغان زىياننى قەتئىي تولۇقلاپ، يۇقۇم دەخلى يەتكۈزگەن ۋاقىتنى قايتۇرۇپ كەلمەكتە.

# جاپاغا چىداپ ئىشلەپ، پۇختا ئىشلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەرەلىدە غەلىبە قىلىپ، پۈتۈن يىللىق نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى ئومۇميۈزلۈك تاماملاش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشتىكى نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بەردى. ھۆكۈمەت پارتىيە گۇرۇپپىسى ۋە ھۆكۈمەت بەنگۇڭتىڭى پارتىيە گۇرۇپپىسى ھەمدە ھۆكۈمەت سىستېمىسىدىكى ھەرقايسى تارماقلار قەتئىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت تەلىپى بويىچە، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، مىنۇت ـ سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي، جاپاغا چىداپ ئىشلەپ، پۇختا ئىشلەپ، پۈتۈن يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى يۇقىرى سۈپەتتە تاماملاشقا، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنى قەرەلىدە تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئىناق، مۇقىم بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: پۈتۈن يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تاماملاشتا تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت تارماقلىرى پۈتۈن كەسىپ زەنجىرىنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرىدا ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى تېزلىتىپ، كارخانىلارغا ياردەم بېرىش، ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش سىياسىتىنىڭ دەل جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە تۈرتكە بولۇپ، كۆمۈر، توك، ماي، تەبىئىي گاز، توشۇش، تەمىنلەش ئېھتىياجىنى جىپسىلاشتۇرۇشنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەپ، كارخانىلارنىڭ نورمال ئىشلەپچىقىرىشنى كۈچلۈك تىرەك بىلەن تەمىنلىشى كېرەك. نۇقتىلىق كىشىلەر توپىغا ياردەم بېرىپ، يۆلەپ، ئۇلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك قاتارلىق ئەمگەك كۈچ جۇغلىشىدىغان كارخانىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشقا جەلپ قىلىشنى ياخشى تۇتۇش كېرەك. جەنۇبىي شىنجاڭ، شىمالىي شىنجاڭنىڭ ئەتىيازلىق تېرىلغۇ، تېرىلغۇ تەييارلىقىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى تۇتۇپ، «گۈرۈچ خالتىسى» «كۆك ـ تاق» مەھسۇلاتلىرى ۋە يېزا ئىگىلىكى ئەشيالىرى بىلەن تەمىنلەشنىڭ يېتەرلىك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. تۆر قۇرۇلۇشىنىڭ «كۆزنەك مەزگىلى»نى چىڭ تۇتۇپ، «بىر تۈركۈمنى قۇرۇش، بىر تۈركۈمدە ئىش باشلاش، بىر تۈركۈمنى زاپاس ساقلاش»تىن ئىبارەت ياخشى ئايلىنىشنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. ئىستېمال بازىرىنى جانلاندۇرۇپ، 3 ـ كەسىپنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىنى ئۈنۈملۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە بىرقەدەر ئېغىر ئۇچرىغان ياتاق، يېمەك ـ ئىچمەك قاتارلىق كەسىپلەر ھەمدە ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلار، يەككە سودا ـ سانائەتچىلەرگە قارىتا تۈرلۈك ھەل قىلىش سىياسەتلىرىنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. تەۋەلىكتىكى ئۇزۇن يوللۇق ترانسپورت، ئەشيا ئوبوروتى ترانسپورت كارخانىلىرىنىڭ ترانسپورت كۈچىنى ئاشۇرۇشنى قوللاپ، تەرتىپلىك ھالدا قاتناش «چوڭ تومۇر»نى ئېچىپ، «ئۇششاق ئايلىنىش»نى راۋانلاشتۇرۇش كېرەك. ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى چۆرىدەپ، تىجارەت ئارقىلىق ساياھەت بازارلىرىنى كېڭەيتىپ، ساياھەت ئۇل ئەسلىھەلىرى ۋە ئاممىۋى مۇلازىمەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش كېرەك. ئوقۇش باشلاش، دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە بىخەتەر، تەرتىپلىك بولۇش، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىخەتەرلىكى، ساغلاملىقىنى قەتئىي قوغداش كېرەك. بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى داۋاملىق بوشاشماي چىڭ تۇتۇپ، ئېغىر، پەۋقۇلئاددە زور بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ھادىسىلىرىنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىش ۋە توسۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قىلىش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشتا تەۋرەنمەسلىكتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ۋۇۋسكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىش داۋامىدا بايقالغان مەسىلىلەرنى، يوچۇقلارنى ۋە كەمتۈكلۈكلەرنى ئومۇميۈزلۈك رەتلەپ، تۈزىتىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىش كېرەك. «ئالتىدە دەل جايىدا بولۇش»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «يەتتە بىر تۈركۈم» «ئۈچتە سالماقنى ئاشۇرۇش»نى ئالغا سىلجىتىپ، كەسىپلەرنى راۋاجلاندۇرۇپ ئىشقا ئورۇنلىشىشقا تۈرتكە بولۇشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، تۈرلۈك سىياسەت ـ تەدبىرلەرنىڭ نامراتلارنى يۆلەش ئوبيېكتلىرىدا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشى مۇقىم بولمىغان ئائىلە قاتارلىقلارنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، ئۈنۈملۈك ياردەم بېرىش ـ يۆلەش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىش ۋە يېڭى نامرات ئائىلىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئېشىپ قالغان نامرات نوپۇس، نامرات ناھىيەلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ قەرەلىدە نامراتلىق قالپىقىنى تاشلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئىناق، مۇقىم بولۇشىنى ساقلاشتا تەۋرەنمەسلىكتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. قەتئىي تەۋرەنمەي دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، يۈرگۈزۈلۈشكە بولىدىغان ئۈنۈملۈك مۇقىملىقنى قوغداش تەدبىرلىرىدە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، كىشىلەر قەلبىنى ئەڭ زور چەكتە ئىنتىپاقلاشتۇرۇپ، مۇجەسسەملەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن ياخشى مۇھىت يارىتىش كېرەك.

# مىنۇت ـ سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

شەۋكەت ئىمىن چىرا ناھىيەسىدىكى ئېغىر نامرات كەنتلەرنى ئايلىنىپ چىقىپ، نامرات ئائىلىلەر، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش بويىچە كۆزىتىلىدىغان ئائىلىلەر، چەت ـ ياقىغا جايلاشقان ئائىلىلەر، نامراتلىقتىن قۇتۇلغان ئائىلىلەرنىڭ كىشى بېشى كىرىمى، ياردەم بېرىش ـ يۆلەش تەدبىرلىرى، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش قاتارلىق ئەھۋاللىرىنى تەپسىلىي ئىگىلىدى، نامراتلارنى يۆلەش كارخانىلىرى، نامراتلارنى يۆلەش تۈرلىرى، يېزا ھەمكارلىق كوپېراتىپى قاتارلىق جايلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش» «يەتتە بىر تۈركۈم» «ئۈچتە سالماقنى زورايتىش»نى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ كۆزلەپ، مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىلگىرىلەش سۈرئىتىگە ھەيدەكچىلىك قىلدى، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلدى، تۈزىتىشكە ھەيدەكچىلىك قىلدى، مۇستەھكەملەشكە ھەيدەكچىلىك قىلدى، سۈپەتكە ھەيدەكچىلىك قىلدى.

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغان مەزگىلدە، شەۋكەت ئىمىن ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلار بويىچە ياردەم بېرىۋاتقان، يۆلەۋاتقان ئورۇنلار، چىرا ناھىيەسى بىلەن بىرلىكتە ۋۇۋسكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىش ۋە جەڭ قىلىش خىزمەت لايىھەسىنى ئورتاق تەتقىق قىلىپ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشتىكى نىشان ـ ۋەزىپە ۋە مەسئۇلىيەتنى ئايدىڭلاشتۇردى. نامرات ئاھالىلەر ئىچىدىكى ئەمگەك ئىقتىدارى بارلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت بۇ مۇھىم نۇقتىنى چىڭ تۇتۇپ، چىرا ناھىيەسىدىكى نامرات ئاممىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنى پائال ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلدى.

شەۋكەت ئىمىن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بۇ يىل نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى تاماملايدىغان ئەڭ ئاخىرقى بىر يىل، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ھېسابات ئۆتكۈزىدىغان، ھەر مىللەت ئاممىغا بەرگەن ۋەدىلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرىدىغان ئاچقۇچلۇق مەزگىلگە كەلدۇق، جەزمەن كىرىشنى چىڭىتىپ، غەيرەت قىلىپ، نىشاننى چىڭ كۆزلەپ بەل قويۇۋەتمەي، قەتئىي تۈردە قاتتىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش كېرەك. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 9 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى تۈرلۈك ۋەزىپىلەرگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «مەسئۇلىيەت، سىياسەت، خىزمەت»تىن ئىبارەت ئۈچنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. مېخانىزمنى مۇقىملاشتۇرۇپ، ئىستىلنى ياخشىلاپ، مەسئۇلىيەتنى كۈچەيتىپ، تەدبىرلەرنى دەل جايىدا قوللىنىپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، تۈزىتىشنى تۇتۇپ، ئۆلچەپ تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، بارلىق كۈچلەرنى جەڭگە ئاتلاندۇرۇپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ، نامرات ناھىيەلەرنىڭ نامراتلىق قالپىقىنى ئېلىپ تاشلىشى، نامرات كەنتلەرنىڭ نامراتلىقتىن چېكىنىشى، نامرات نوپۇسلارنىڭ قەرەلىدە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى ۋەزىپىلەرنى يۇقىرى سۈپەتتە ئومۇميۈزلۈك تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مۇتەللىپ قاسىم قاتارلىقلار جەڭگە بىللە ھەيدەكچىلىك قىلدى.

# قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى يۇقىرى سۈپەتلىك تاماملاش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىزچىللاشتۇرۇپ، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى زىچ چۆرىدەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى يۇقىرى سۈپەتلىك تاماملاپ، قەتئىي تۈردە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قىلىش كېرەك.

ئۇدا بىرقانچە كۈندىن بۇيان، نۇرلان ئەبلەمەجىن 11 يېزا ـ بازاردىكى 71 نامرات كەنتكە چوڭقۇر چۆكۈپ، ئومۇميۈزلۈك قاپلاش شەكلىدە جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، نازارەتچىلىك ـ يېتەكچىلىك قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ئەھۋالىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، تېپىك كەنتلەرنى تاللاپ ئائىلىلەرگە كىرىپ تەكشۈردى، ئىنچىكە تەھلىل قىلدى؛ تۇرالغۇ بىخەتەرلىكى، ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى، خاس كەسىپلەر، ئەمگەك كۈچلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئاپەتتىن كېيىنكى قايتا قۇرۇش، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى، ئوقۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ياردەم بېرىش ـ يۆلەش سالمىقىنى ئاشۇرۇش قاتارلىق نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى مەخسۇس تېمىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، يېزا ـ بازار، كەنتلەرنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا خىزمەت تەپەككۇرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشى، خىزمەت يولىنى توغرا تېپىشى، خىزمەت ئۇسۇلىنى ئەلالاشتۇرۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ كۈچىنى زېھنىي كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ يوقىتىش جېڭى قىلىشقا قوزغاتتى.

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغان مەزگىلدە، نۇرلان ئەبلەمەجىن ئاپتونوم رايوننىڭ پەيزاۋات ناھىيەسىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە ۋۇۋسكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىش بىرلەشمە يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى ھەم كۆپ مەيدان سۆھبەت يىغىنى تەشكىللەپ، نەق مەيداندا جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىش، نازارەتچىلىك ـ يېتەكچىلىك قىلىش ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنى تەتقىق قىلدى، ئالغا سىلجىتتى.

نۇرلان ئەبلەمەجىن مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ھەر دەرىجىلىك ھەرقايسى تارماقلار، كەنتتە تۇرۇشلۇق كەڭ كادىرلار، 1 ـ شۇجىلار باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدىكى تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت تەلىپى بويىچە، كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش سالمىقىنى نۇقتىلىق زورايتىپ، نامرات ئاممىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئەمگەك ئىقتىدارى بار نامرات نوپۇسنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى، كۈندە كىرىمى بولۇشى، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىنىڭ كاپالەتكە ئىگە بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بولغان ئاممىنىڭ كىرىمىنىڭ ئازىيىپ كەتمەسلىكى، قايتا نامراتلىشىپ كەتمەسلىككە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

نۇرلان ئەبلەمەجىن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يېزىلىق پارتىيە كومىتېتى ۋە يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتى، يېزا ـ كەنتلەرنىڭ جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش مەسئۇلىيىتى، ياردەم بېرىپ يۆلىگۈچى ئورۇنلارنىڭ ياردەم بېرىش ـ يۆلەش مەسئۇلىيىتى ۋە كەنتتە تۇرۇشلۇق ھەرقايسى خىزمەت ئەترەتلىرى، 1 ـ شۇجىلار، نامراتلارنى يۆلەش مەخسۇس كادىرلىرىنىڭ كونكرېت مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، پۇختىلاپ، جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىش، ھۆددىگە ئېلىش ـ ئالاقىلىشىش، ياردەم بېرىش ـ يۆلەشتىن ئىبارەت «ئۈچنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش»نى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك؛ مەركەز كارخانىلىرى، دۆلەت كارخانىلىرى قاتارلىق ياردەم بېرىدىغان ـ يۆلەيدىغان ئورۇنلار زەربىدارلىق بىلەن ئالدىدا مېڭىشى، ئۈلگە كۆرسىتىشى كېرەك. قۇرۇلۇش مۇددىتىنى تەتۈر ساناق بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇپ، نىشان بەلگىلەپ جەڭ قىلىپ، ھەقىقىي تۈردە «بىر ئائىلىگە بىر تەدبىر قوللىنىش» بويىچە نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇش تەدبىرلىرىنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نامرات ئاممىنىڭ خەۋەردار بولۇش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچنى ئۇرغۇتۇپ، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش ۋە ئۇنى ياخشى قىلىش كېرەك.

جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلغان مەزگىلدە، نۇرلان ئەبلەمەجىن يەنە ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ئورگىنىدىن بۇ ناھىيەدە تۇرۇشقا ئەۋەتىلگەن بەش 1 ـ شۇجى تۇرۇشلۇق ئېغىر نامرات كەنتكە چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ھەم 2019 ـ يىلى نامراتلىق قالپىقىنى ئېلىپ تاشلىغان ئاتۇش شەھىرىدە ماس قەدەمدە جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلدى.